# مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بارسام پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋەز سۆزلەۋېتىپتىكەن

ئەبۇ رىپائە تەمىم ئىبنى ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بارسام پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋەز سۆزلەۋېتىپتىكەن، مەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىر غېرىب ئادەم ئۆز دىنى ھەققىدە سورىغىلى كەلدى، ئۇ ئۆز دىنى ھەققىدە ھېچ نېمە بىلمەيدۇ، دېدىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋەزدىن توختاپ ماڭا يۈزلىنىپ ئالدىمغا كەلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن بىر ئورۇندۇق كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ ئاللاھ تائالا ئۇ زاتقا ئۆگەتكەن نەرسىلەرنى ماڭا ئۆگەتكىلى تۇردى، ئاندىن ۋەز ئېيتقان جايغا قايتىپ بېرىپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ناھايىتى كەمتەر بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە ۋەز ئېيتىپ، خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا، بىر غېرىب ئادەم كېلىپ ئۆزىنىڭ دىنى توغرىسىدا سوئال سورايدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خۇتبىنى كەلگەن يېرىدە توختۇتۇپ قويۇپ، ئۇ كىشىگە يۈزلىنىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئورۇندۇق كەلتۈرۈلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە دىنىنى ئۆگۈتىدۇ، چۈنكى بۇ كىشى ئىلىمگە ئېھتىياق باغلاپ، دىنىنى ئۆگىنىپ ئەمەل قىلىشنى مەقسەت قىلىپ كەلگەن بولغاچقا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سۆزلەۋاتقان خۇتبىنى توختىتىپ ئۇ كىشىگە دىنىنى ئۆگەتتى، ئاندىن خۇتبىنى داۋاملاشتۇردى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5656